## 10446 ـ ئىسلام دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى

**سۇئال**

ئىسلام دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

لۇغەت ۋە قامۇسلارغا قارىسىڭىز ئىسلام دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ يېتىسىز.

ئىسلام كەلىمىسى: بويسۇنۇش، باش ئېگىش، تەسلىم بولۇش، بۇيرۇغۇچىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش، چەكلىگەن ئىشلىرىدىن ئېتىرازسىز يېنىش، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىش، (قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق) بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلاش، ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۇقۇملارنى بىرىدۇ. شۇنداقلا، ئىسلام سۆزى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن ئىلىپ كەلگەن دىنىنىڭ بەلگىسىدۇر.

نېمە ئۈچۈن دىن "ئىسلام" دەپ ئاتىلىدۇ؟ دېيىلسە، يەر شارىدا بار بولغان بارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر شەخسكە نىسبەت بېرىلسۇن ياكى مەلۇم بىر ئۆممەتكە نىسبەت بېرىلسۇن ئوخشاشلا ئۆز ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ناسارا دىنىنىڭ(خرىستىئان دىنى) ئاتىلىشى ناسارا دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. بۇددىست(بوزېي)دىنىنىڭ ئاتىلىشى ئۇ دىنىنى ئاشكارا قىلغۇچى(بوزا)نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. زەردۇشت دىنى زەرادەشتىيە دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇپ، بۇ دىنىنى قۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىگە نىسبەت بېرىلگەن. شۇنىڭدەك يەھۇدىي دىنىمۇ بەنىئىسرائىل قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى يەھۇزا قەبىلىسىدىن ئاشكارا بولغان بولۇپ، يەھۇدىيە ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئەمما ئىسلام دىنى بولسا مەلۇم بىر شەخسكە ياكى مەلۇم بىر ئۆممەتكە نىسبەت بېرىلمەستىن بەلكى بۇ سۆز "ئىسلام" كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خاس سۈپەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىسىمدىن شۇ ئاشكارا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى مەلۇم بىرەر كىشى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنمىغانلىقى ياكى ئىنسانىيەت ئارىسىدىن مەلۇم بىرەر ئۆممەت ئۈچۈن خاس ئەمەسلىكى بەلكى بۇ سۆزنىڭ ئاخىرقى چېكىزېمىندىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دېگەن سۈپەت بىلەن زىننەتلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەر بىر ئىنسان مەيلى ئىلگىرى ئۆتكەن بولسۇن ياكى ياشاۋاتقان بولسۇن مۇسۇلمان دېگەن ئىسىم بىلەن شەرەپلەندۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك مەزكۇر سۈپەت بىلەن زىننەتلەنگەن ھەر بىر كىشى كەلگۈسىدىمۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللاھھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.